# 12610 - روزا تۇتقۇچىنىڭ ھىجامە قىلدۇرۇشى توغرىسىدا

### سۇئال

رامزاننىڭ كۈندۈزدە ھىجامە قىلغۇچى ۋە قىلدۇرغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلامدۇ؟ بۇ ئىككەيلەن شۇ كۈنى روزىسىنى بۇزۇۋېتىپ، ئۇ كۈننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلامدۇ؟ بۇ ھەقتە جاۋاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

رامزاننىڭ كۈندۈزىدە ھىجامە قىلغۇچى ۋە قىلدۇرغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. ئەمما ئۇلار شۇ كۈنى كەچكىرگىچە ھېچنەرسە يىمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ. كېيىن شۇ كۈننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: رامزاننىڭ كۈندۈزىدە ھىجامە قىلغۇچى ۋە قىلدۇرغۇچىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 2367-ھەدىس. ئىبنى ماجە1679-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ئەبۇ داۋۇدنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا 2074-نومۇرلۇق ھەدىستە كەلتۈرگەن. ئىلمى تەتقىقات،